
1985



# قەشقەر ئەدەبىياتى

٥

# تۇزىماس چېچەكلەر

— ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

ھاجى ئەخمەت



ئابدىخالىق ئۇيغۇر ۋە تەۋپىق قاتارلىق جەڭگىۋار ئىنقىلابچى شائىرلىرىمىز باشلاپ بەرگەن يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يېڭىچە گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر يازغۇچى-شائىرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. پىشقەدەم شائىر، يازغۇچى، دىراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇ دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ھەم مەرىپەت پەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان «تۇزىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «رابىيە-سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنى، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق نەسرى ئەسەرلەرنى؛ «قاراكۆزلەر، نۇرلۇق ھايات»، «رابىيە-سەئىدىن» قاتارلىق دىراممىلارنى؛ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «تارىخى مىراس "قۇتادغۇبىلىك" توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي يۈرەك ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا مەڭگۈ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان، دەۋرنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلىرى سولدۇرالمايدىغان، رەڭگا-رەڭ تۇزىماس چېچەكلەرنى ئېچىلدۇردى. مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى پارلاق نامايەندە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

## 1

ئەھمەد زىيائى 1913 ـ يىلى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانئېرىق يېزىسىدا دېھقان ـ
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى موللاخۇن
ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇدەررىسى، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ياش ـ
لىق چاغلىرىدا مەككە ۋە مەدىنىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇ زاماننىڭ ئىلىمىنىڭ ھەر قاي ـ
سى ساھەلىرى بويىچە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشكەن، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز
خىراجىتى بىلەن 40 ھوجرىلىق بىر كاتتا مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، مىڭلىغان تالىپلارنى تەربى ـ
يىلەپ چىقارغان. ئۇنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە،
تىبابەت، ئاسترونومىيە ئىلمىغا دائىر 10 مىڭ جىلددىن ئارتۇق كىتاپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ ـ
نىڭدىن باشقا تۈركىيە، مىسىر، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنىدىغان گې ـ
زىت ـ ژورناللارمۇ ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇراتتى. ئەھمەت زىيائى ئەنە شۇ كىتاپلار دۆۋىسى ئىـ
چىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئۇ كىچىككىدىنلا ئىلىم ـ پەنگە ئىشتىياق باغلاپ، ئاتىسىنىڭ
قولىدا ئوقۇشقا باشلىدى. موللاخۇن ھاجىم ئۆزى «خۇمۇلى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىپ
تۇرغاندىن باشقا، ئۆز تالىپلىرى ئارىسىدىمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ئەدەبىيات مۇسابىقىسى ئۇ ـ
يۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى شېئىر يېزىشقا سالاتتى. بۇ ھال ئەھمەت زىيائىنىڭ كىچىككىدىنلا شېئىرىيەت ـ
كە بولغان قىزىقىشىنى ئويغۇتۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ شائىرلىق يولىنى تاللىۋېلىشىغا كۈچ ـ
لۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ناۋائىي، فۇزۇلى، خوجا ھاپىز شىرازى، ھۆۋەيدا قاتارلىق شائىرلار ـ
نىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، شۇ قاتاردا ئاتىسىنىڭ:

"ھەر سەھەر بولغاچ كۆڭۈلگە خۇش كېلۇر دىدارى گۈل،
لېكىن ئاشىق كۆڭلىن ئۆرتەر ھەر سەھەر گۈلنارى گۈل.

ھەر نىچۇك گۈل ۋەسفىنى قىلماققا رەيىم يوق مېنىڭ،
بىر گۈلى ۋەسفىن قىلايكىم ھەممىگە سەردارى گۈل." ـ دىگەن مىسرالار
بىلەن باشلانغان «گۈل ۋەسفىدە» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرۈپ، ئۆزىمۇ شېئىر يې ـ
زىشقا كىرىشتى.

30 ـ يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ موللاخۇن ھاجىم يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىنى
يارىتىش يولىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭىلىق تەرەپدارلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئوقۇش
مىتودى ۋە مەزمۇنىدا بىر قاتار ئىلغار ئىسلاھاتچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 3 مىڭ سۆز ـ
لۈك «ئەرەپچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» تۈزۈپ، ئەرەپ تىلىدىكى «سەرپ ـ نەھۋە» كىتاۋىنى
ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، دەرسلىكلەرنىڭ يېڭىچە پەننى سالمىغىنى ئاشۇردى. ئەھمەت زىيائى ئۆتكۈر
زېھنى ۋە تىرىشچانلىق شىجائىتى بىلەن ئانا تىلى ۋە باشقا تۈركى تىللارنى، شۇنداقلا ئەرەپ،
فارس تىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى پۇختا ئىگەللەپ، بۇ تىللاردىكى دىنى ۋە
ئەدەبىي مىراسلارنى مۇتالىئە قىلىپ، زاماندashلىرى ئارىسىدا تونۇلدى.

1935 - يىلى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋى بىلەن موللاخۇن ھاجىمنىڭ دەرسى تاقىلىپ، ئوقۇش توختىدى. ئەھمەت زىيائى شۇ يىلى 11 - ئايدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات گېزىتى» گە ئورۇنلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيىتىگە قەدەم قويدى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 1937 - يىلى «يېڭى ھايات گېزىتى» نى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، نامىنى «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتتى. بۇ گېزىتنىڭ تىراژى ئەينى يىللاردا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەھىپىلىرى رەڭدار، مەزمۇنى مول ۋە يېڭى ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئورغۇن بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، سىياسى ۋە ئىلمىي مۇلاھىزىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغۇتۇش، نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

گېزىتتە تەشۋىق قىلىنغان ئىلغار پىكىرلەر ۋە دېموكراتىيە - ئەركىنلىك سادالىرى ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا گېزىت بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تۈرمىگە تاشلاندى. ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا، گېزىتنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتى ئەھمەت زىيائىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ، 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى بېجىردى. شۇ يىلىنىڭ 4 - ئېيىدا ئەھمەت زىيائى شىڭشىسەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلىش بىلەن كۆزگە يېقىنراق تۇتۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە 1944 - يىل 3 - ئايغا قەدەر مەزكۇر گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىدى. تولۇق بىر يىلغىمۇ توشمايدىغان ئەنە شۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇ «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى، «مۇھەببەت ۋە ھايات» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى. لېكىن، شائىرنىڭ ئەركىن پىكىرلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەلقنى قۇللۇقتا تۇتۇش، زىخ ئاستىدا تۇتۇش، ئېكسپولاتاتسىيە قىلىش سىياسىتىگە مۇخالىپ كەلگەنلىكىدىن، ئۇ 1944 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قولغا ئېلىنىپ، 1946 - يىلى 6 - ئايغىچە تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كۆچۈردى. ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ، قەشقەرگە قايتىپ، سودا كارۋانلىرى بىلەن بىرگە لاداخقا چىقىپ كەتتى. 1947 - يىلى ئەتىيازدا قايتىپ كېلىپ، بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇللىقىغا بېكىتىلدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان سىياسى تېنجىتىش نەتىجىسىدە، گېزىت نەشر قىلىنىشتىن توختىدى. قەشقەر ۋالىسى ئابدىكېرىم خان مەخسۇمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «ئاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنىپ ئەھمەد زىيائى گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىلار، جۈملىدىن تۇرغۇن ئالماس باشلىق شائىرلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن بىر مەزگىل «ئاڭ گېزىتى» نەشردىن توختاپ، كېيىنچە يەنە «قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەھمەد زىيائى 1952 - يىلغا قەدەر يەنىلا شۇ گېزىتنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆتىدى. بىر مەزگىل خىزمەتتىن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ 1957 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، 1960 - يىلغا قەدەر مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۆلۈمىدە ئىشلىدى. شائىرنىڭ

شۇنىدىن كېيىنكى 20 يىللىق ھاياتى ئىنتايىن ئەگرى - توقاي ۋە ئېغىر شارائىت ئىچىدە ئۆتتى. 1980 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر شۇ ئورۇندا ئەدەبىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇپ كەلمەكتە.

## 2

ئەھمەد زىيائىي 1923 - يىللىرى 10 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، 13 يېشىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى پارس تىلىدا يېزىپ، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. لېكىن، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان 1935 - يىللاردىن باشلاپ مەتبۇئاتيۈزىدە ئېلان قىلىنىش بىلەن، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ سانايى نەفىسەنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، 1938 - يىلى خەلق ئاممىسىنىڭ باشتىن كۆچۈرگەن جاپا - مۇشەققەتلىرى ۋە "6 بۈيۈك سىياسەت" نىڭ غەلىبىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «قارا كۈنلەر، نۇرلۇق ھايات» ناملىق دىراممىنى يازدى، ئارقىدىنلا خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەدھىيىلىنىپ، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى پاش قىلىنغان قويۇق ھەجۋى پۇراققا ئىگە سىياسىي پىيسىيە «ۋاڭ جىڭۋى» نى يېزىپ چىقتى. بۇ دىرامماتىك ئەسەرلەر قەشقەر سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينۇلۇش بىلەن، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1939 - يىلدىن باشلاپ ئۇ پىروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ، «رابىيە - سەئدىن» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ئەمدىلا يېرىملاشتۇرغاندا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمە دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىۋېلىندى.

1943 - 1944 - يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن مەزگىلدە شائىر ئىجادىيغەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، «رابىيە - سەئدىن» ئوپېراسىنى (1943)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى، «تاڭ (قەن) پاچىئەسى» ناملىق ھېكايە ھەم «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستونىدا كۆپلىگەن مۇھاكىمە ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قابىلىيەتلىك شائىر، دىراممaturg ۋە ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە تونۇلدى. «رابىيە - سەئدىن» ئوپېراسى شۇ چاغدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرى قاتارىدا ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينۇلۇش بىلەن، تاماشىبىنلارغا بەدىئىي زوق ۋە ئىلھام بېغىشلىدى.

1947 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە ئەھمەد زىيائىينىڭ «توزدىماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق 3 پارچە كىتاۋىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بېسىلىپ چىقىشى ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن چوڭ ھادىسە بولدى.

«لاداخ يولىدا كارۋان» - ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كۆچۈرگەن كۆچۈرمۈشلىرى، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوبرازلىق تىل بىلەن چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات خۇددى نار توگىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان كۆلدۈرمىنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان يېقىملىق ئاۋازىدەك، ئەسەرگە مۇڭلۇق تۈس بېرىپ،

بەدىئى كۆچىنى ئاشۇرغان. شۇڭا، بۇ ئەسەر 40- يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە»- سىياسى پوبلىستىكا خاراكتىرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپ - تورنىڭ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەقىقى دىموكىراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پىكىر ۋە مۇھاكىمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«توزىماس چېچەكلەر» - شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئاخىرى - غا «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىر قىتىملىق سوھبە - تىمىزدە ئايتىپ ئۆزى ئېيتقاندەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زۇلمەتلىك دەۋردە يېزىلىپ، جەمىيەتكە تارقىلىش بىلەن خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. «توزىماس چېچەكلەر» گە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ تېمادائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى رەڭمۇ-رەڭدۇر. ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى روشەن ئىپادىسىنى تاپقان:

بەخت ساماسىنىڭ قوياشى، يۇلتۇزىدۇر مەرىپەت،
قاپقارا تۈرمۈش تۈنىنىڭ كۈندۈزىدۇر مەرىپەت.
..............................
خارۇ-زار قالغان ئېلىڭنى ئەي زىيائى، ياخشى بىل،
مۆتىبەر بىر ئەل قىلىپ ياشناتقىسىدۇر تەربىيەت.

(«تەربىيەت»)

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، ھەق-ئادالەتنى ئۇلۇغلايدىغان، خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسى بىلەن جۇشقۇن يۈرەك ساداسى جاراڭلايدۇ:

تىلەرمەن ئايرىما دەپ ئەمگەكمىدىن ھەرزامان يارەب،
نىسىپ بولغاي ياشاش دائىم تېنىمدە باركى جان يارەب.

قانائەتتاغىدىن بۇ ھىممىتىم سۇمرۇغى جاي ئالسۇن،
بەلەن بۇ ھىممىتىم ئالدىدا پەستۇر ئاسمان، يارەپ.

ئەگەبىۋۇ گەر زالالەتتىن ئىبارەت بولمىسا ئەردى،
بويۇن ئەگمەس ئىدىم ئۇ بولسىمۇ شاھى جاھان، يارەب.

ھەقىقەتنى سۆيەر باغرىم، سۆكەر ئۇ بىھەقىقەتنى،
ئەگەر ناھەقچى بولغاندا كىمەكمەس بەگ ۋەخان، يارەب.

غېرىپ كۆڭلۈم ھەمىشە دەرتتە مەزلۇم ئاھى - زارىدىن،
يېتەملەر زارىغا يەتمەس كىشىلەردىن پىغان، يارەپ.

ئەگەرچە ئىززىتۇ - نەپسىمنى ھەرگىز ئەتمىگەيمەن خار،
يېتىم، ئاجىز، غېرىپلەر پۇت توپاسى ئۇشبۇجان، يارەب.

زىيائى باغرى دەرت بىلەن ئېزىلگەن تورپە شائىردۇر،
يامانلار قەستىدىن بىچارە بولىدى ئامان، يارەب.

(«غەزەل»)

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى گەۋ-
دىلەندۈرۈلگەن:

يۇرت - ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازاپنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

..............................................

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.

(«غەزەل»)

يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا شائىر تىغ ئۈچىنى ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا بىۋاستە قارىتىپ،
ئۇلارنىڭ زالىملىق ۋە قانخورلۇق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان:

ئىچكىنىڭ زالىم قىزىل مەي، ئويلا كىمنىڭ قانىدۇر؟
يىگىنىڭ قايسى غېرىپ-بىچارىلارنىڭ نانىدۇر.

..............................................

بەزمىگاھ ئىچرە ساز ئاۋازىنى مۇڭلۇق دىمە،
تۈل خوتۇن بىرلە يېتىملار باغرىنىڭ ئەپغانىدۇر.

(«غەزەل»)

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن يەنە بىر قىسىم شېئىرلار مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا پاك مۇھەببەت، سەممىيلىك، ساداقەت، ۋاپا ھەم دىيانەتنى ئۇلۇغلايدۇ، يۈرەك ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق، گۈزەل ئوخشۇتۇش ۋە سۈپەتلەش ۋاستىلىرى بىلەن ئىزھار قىلىدۇ:

يېڭى ئاي نەشئىلى، ئەمما نىگار قاشىغە ئوخشارمۇ؟
چەمەندە يەلپۈنۈپ سۈنبۈل قارا ساچىغە ئوخشارمۇ؟

..................................................

ئېچىلغان لالەيۇ رەنا قىزىل مەن دەپ بولۇر مەغرۇر،
نىگارىمنىڭ نەفەس، زىبا سۆزۈك لىۋىگە ئوخشارمۇ؟

نەسىمى سۇبھى دەم گۈل غۇنچىسى قىلمىش تەبەسسۇملار،
لېكىن بۇنداق تەبەسسۇم دىلبىرىم ئاغزىگە ئوخشارمۇ؟

(«ئوخشارمۇ»)

ئەھمەد زىيائى شېئىرلىرىدىكى ئەنە شۇنداق يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت كۆپلىگەن شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلار ئەينى يىللاردىلا زىيائى غەزەلىگە مۇخەممەس توقىغان، ن. ئېركى قاتارلىق شائىرلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يېزىشقان ئىدى.

«تومۇز چېچەكلەر» گە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى سۈپىتىدە ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماستىن، خەلق ئاغزىدا ياد ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ كىتابنىڭ يېقىندا چەتئەللەردە نەشر قىلىنىشى يۇقىرقى پىكرىمىزنى تېخىمۇ تولۇق ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

## 3

50 - يىللاردىن باشلاپ شائىرنىڭ ھايات يولىدا دۇچ كەلگەن ئەگرى - توقايلىق ۋە دىشۋارچىلىقلار ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ پات - پات ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئەھمەد زىيائى 1953–1955-يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئېغىر شارائىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالىيسى سەيپۇللايۇپنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يىگانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، ئىككى يېرىم يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئىشنى غەلىبىلىك تاماملىدى. تەرجىمە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مىسىردا بېسىلغان نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بىر بەتكە ئەسلى نۇسخىسى كۆچۈرۈلۈپ، يەنە بىر بەتكە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بېرىلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە شائىرنىڭ قان-تەر سىڭگەن بۇ شاھ ئەسەرنىڭ قولىيازما تەرجىمىسى ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن 1957 - 1960 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئەھمەد زىيائى يەنە ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئدىن»، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستان.

لىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، كىتاپخانىلارنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئۆلگىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «سايرا»، «نەي ساداسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى.

ئۇ 1957 - يىلى 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر 1 - قۇرۇلتىيىدا ئىلمىي دوكلات بېرىپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدا ناۋايى، لۇتفى، سەككاكى ... قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دەسلەپكى 10 باپ نەسرى يەشمىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

1958 - 1959 - يىللىرى ئارىلىقىدا شائىر «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق داستانىنى يېزىشقا كىرىشىپ، 12 بابىنى تاماملىغان ئىدى، لېكىن يېزىلىپ تاماملانمىغان بۇ ئەسەر كېيىنكى يىللاردا شائىر بىلەن بىللە پالاكەتچىلىككە ئۇچرىدى. 20 يىل داۋاملاشقان سەرسانچىلىقتىن كېيىن، ياشانغان شائىر قايتا يورۇقلۇققا ئېرىشىپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچ ۋە زېھنى قۇۋۋىتىنى يىغىپ، يەنە ئەدەبىي - ئىلمىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشتى. 1980 - يىلىدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شائىرنىڭ ياراتقان مول ئەمگەك مېۋىلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلىدى؛ «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى»، «تارىخى مىراس "قۇتادغۇبىلىك توغرىسىدا"، مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى يازدى؛ «رەۋزە توست سافا» (دوستلار گۈلىستانى)، «بۈيۈك هون ئىمپېراتورلۇغى تارىخى»، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «قۇتادغۇ بىلىك ئىنجۇلىرى»، «'قۇتادغۇ بىلىك' ئىندېكس» قاتارلىق كىتاپلارنى پارس تىلى ۋە تۈركچىدىن تەرجىمە قىلدى.

ئەھمەد زىيائى 1984 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق شېئىرى رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 51 باپتىن قۇرۇلغان، 10 مىڭ مىسرادىن ئارتۇقراق ھەجىمدىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملىدى. ئۇنىڭدا 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاراشلىق كۆكچى يېزىسى سۇبھانائاللا كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخى ۋەقە ئاساسى ماتېرىيال قىلىنىپ، سەئىدىن بىلەن رابىيەدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائى رېئاللىغى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ يىرىك شېئىرى ئەسەر مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 يىللىغىغا سوغا قىلىنىدىغان بىر تۈركۈم كىتاپلار قاتارىدا نەشرگە تەييارلانماقتا.

ئەھمەد زىيائى 1984 - يىل 10 - ئايدا «رابىيە سەئىدىن» ئەسىرىدىكى قىسمەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىدىدە، قەشقەرگە كېلىپ، سۇبھانائاللا كەنتىگە بېرىپ رابىيە - سەئىدىننىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە شۇ يەرلىك پېشقەدەملەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ قايتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شائىرنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن بىر قىسمىنى تونۇشتۇردۇق.

# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

ئەھمەد زىيائى

## غەزەللەر

### I

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈلشىنىنى چەيلىدى قىلدى تامام بەرھەم.

ئېلىپ بىر زەئىپرانى تۈس، سولاشتى ئەرغىۋانى يۈز،
مۇھەببەت يۈكىنىڭ ئاستىدا بولدى سەرۋ قەددى خەم.

ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە - قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداغكى چۈشتى دانەئى شەبنەم.

دىلىدە ئوت، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى، قۇيۇلغان سىرى كۆزىدىن نەم.

گىچەك زۇلفىغە ئوخشاش كۆڭلىغە مىڭ - مىڭ تۈگۈن چۈشتى،
قەيەردە بىر تېبىبىكىم ئەيلىسە دىل دەردىگە مەرھەم...

بولۇر ھەر دەرتكە بىر دەرمان ۋە لېكىن ئىشق دەردىگە،
مەشۇقتىن باشقا ئەمچىدىن ئۇنىڭغا بولمىغاي بىر ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كېتەمدۇ ياكى ئەرماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر ئىرور سىرلەر ئارا مۇبھەم.

### I

مېنى خوش تالئىم سۆيگۈك ئارا بۇ كويغا سالغانمۇ،
سېلىپ سۆيگۈگىنى كۆڭلۈمگە، ئۇنىڭغا يار بولغانمۇ.

سەبى كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچرە كۆيەر دائىم،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەكسىڭ جۇلاسى راستمۇ-يالغانمۇ.

بۇ قاشمۇ، يايىڭى ئاي، ياپراق بەرگى ۋە ياكى يا،
مېنىڭ بۇ ياش دىلىمنى ئاتقىلى بەللەپ قويۇلغانمۇ.

ئىرور كىرپىكلىرىڭنىڭ هەر بىرى بىر ئوق ھىلەڭ قىلغۇچ،
ئېتىلغاندا بۇ ئوقلار، ئاشىقىڭ ئۇندىن قۇتۇلغانمۇ.

قىلورسەن بىر قاراش بىرلە كۆڭۈللەرنى ئۆزۈڭگە سەير،
بۇ كۆزمۇ ياكى نەرگەسمۇ، يا تاڭ ۋاقتىدا چولپانمۇ.

يۈزۈڭ بىر ئايمۇ ياكى كۈن، ئېچىلغان يا سەھەردە گۈل،
گۈزەللىك گۈلشەنى ئىچرە سېنىڭدەك گۈل ئېچىلغانمۇ.

قىزىل ياقۇت لىبىڭ يا لەئل، قىزىللىقلەر نەدۇر ئوندا،
مەگەر ئاشىقلىرىڭنىڭ قانلىرى بىرلە بويالغانمۇ.

نەفس خۇش لەبلىرىڭ ئىچرە، تىشىڭ ئۇ نەدىگەن ئاپپاق،
نەدۇر ئۇ؟ تىشمۇ، يائۇنجى ۋە ياكى دۇررى غىلتانمۇ.

كۆرۈپ ئاغزىڭنى، كۆڭلۈم تارتتى ھەسرەت ئىچىدە فەرياد،
ئىرۇرمۇ پىستە يانوقتە ۋە يا غۇنچە ئېچىلغانمۇ.

نەدۇر ئۇ ساچمۇ يا ئەنبەر ۋە ياكىم يەلپۈنەر سۈنبۈل،
كۆڭۈل قۇشنى ئاۋلاشقا تۇزاق قىلىنىپ يارالغانمۇ.

ئەجىپ نازۇك بەدەنسەن، سەرۋى قەددىڭگە جاھان ھەيران،
فەرىشتەدۇرمۇ سەن ياكى فەردمۇ، ياكى ئىنسانمۇ.

**I**

مۇھەببەت نۇرى دىل ئاينەسىدە ئەكس قىلغاندا،
ئەقىل-ئىدراك پۈتۈنلەي تۇيغۇدىن خالى قالۇر ئۇندا.

قولىدىن ئىختىيارىنىڭ تىزگىنى كەتكەي چىقىپ ئاخىر،
خىيالىنىڭ ئاغمىقىنى باشقۇرالماي تازا چاپقاندا.

ماڭار يولىنى كۆرمەكتىن قالۇر ئەقىل ئۆزى ئاجىز...
نىچوككىم خىرە بولغاي كۆز قوياش نۇرىغا باققاندا.

ئىشقىنىڭ سىرىنى ھۇشىنىڭ كۆزى بىرلە تاماشا قىل،
كىلىپ پەرۋانە ئۆزىنى چىراغ نۇرىغا ئۇرغاندا.

ئىقىل ھەيران بولۇر سۆيگۈ ئەسرى بۇ كىچىك مەخلۇق،
پىرىلداپ ئايلىنىپ شەمئىنى، ئۆزىنى ئوتقا ياققاندا.

ھەقىقىچىن مۇھەببەت بولسىلا ئەرزىر سۆز ئاچماققا،
قەلەم تەڭلىك چىكەر يالغان مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا.

## مۇخەممەس


دىل ئەينىگىدە جىلۋە بىلەن ئەتتى ئەكس يار،
ھۆسنۈ - جامال گۈلى بىلەن تولغان لالە زار،
كۆرگەچ كۆڭۈلدە قالمىدى ھىچ سەبىر ئىختىيار،
قانداق نەپىس گۈزەللىك ئىرور بۇ؟ دىدىم، دىدى:
بولساڭ ئەگەر بۇلبۇلى ئىشىق باھارىڭ ئىرور سىنىڭ.

مەن مەست بولۇپ ئۇنىڭكى جامالى شارابىغە،
ئىچكەنىسىرى يولۇقتۇم خۇمارى ئازابىغە،
گويا سىپىلدى تۇز ئۆزى كۆڭلۈم كاۋابىغە،
قانمايدىغان ئىچسە يۈرەك، نەمەيدۇر دىدىم؟ دىدى:
قاندۇرمىغان مەيىمگە. خۇمارىڭ ئىرور سىنىڭ.

رەھىم ئەت ماڭا، قاچانغىچە ساڭا تەلمۈرەي،
ئاشۇپتە ھال، تەلۋە بولۇپ چۆل ئارا يۈرەي،
سەندىن ئۈمىد قانداق قىلىپ ئەندى مەن ئۈزەي،
بىلمەيمەن قايسى ھالغا چۈشۈپمەن؟ دىدىم، دىدى:
ئىشىق ئەھلى سەن مۇشۇ ھال شۇئارىڭ ئىرور سىنىڭ.


دانە يۈزىدە خال، ساچلىرى تۇزاق،
ئازاد كۆڭۈللەدۇر ئەسرى ئۇنىڭ بىراق،
تۇتقۇنلىرىن ئۆلتۈرەدۇر، يوق ئۇڭا سوراق،
قىلسا كىشى مۇنۇنداق بولامدۇ؟ دىدىم، دىدى:
ئارى بولۇر، كويۇم مازارىڭ ئىرور سىنىڭ.

ھەمدەم شائىر ئەھمەد زى-
يائى قەشقەردە بولغان كۈنلە-
رىدە، قەشقەر يېڭىشەردىكى قا-
راشەھەرنىڭ كۆكچى يېزىسىدىكى
سۆبەھانالا كەنتىگە بېرىپ،
رابىيە - سەئىدىنىڭ قەۋرى-
سىنى زىيارەت قىلدى.





ئەھمەد زىيائى «قەشقەر
ئەدەبىياتى» ژورنىلى مۇھەر-
رىرلىرى بىلەن سۆھبەتلەش-
مەكتە.



تۆپ (ماي بوياق رەسىم)    ئەبەيدۇللا سىزغان


قەشقەر ئەدەبىياتى (14- يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学» （双月刊）

1985 - يىل 1 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ


جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0.41

ژورنال نومۇرى: 62 — 58

پارچە سېتىلىش باھاسى: 50 فۇڭ

## ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاخۇنۇم



پېشقەدەم ئۆلىما، تارىخچى ۋە شائىر ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاخۇنۇم 1900 - يىلى قەشقەر شەھىرى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ۋە زامانىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىنىڭ ھوزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەپ، پارس تىلىنى، ئەدەبىيات، تارىخ بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. 1933 - يىلدىن ئازاتلىققا قەدەر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىدە قازى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاخۇنۇم 30 - يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) بىلەن بىللە گېزىتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەرىپەت تارقاتقاندىن باشقا، ھەر خىل شەكىللەردە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان. ئەدىپنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى يورۇتۇشتا مەلۇم ئىلمىي قىممىتى بار دەپ قارالغان تارىخى ئەسەرلىرىدىن بىرى «قەشقەر تارىخى» 1956 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنغان. مەزكۇر، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەۋرىسىنى ئېنىقلاشتا كۆپ كۈچ قوشقان. ئۇ ھازىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تارىخى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە جىددى ئىزلەنمەكتە.

## قۇربان ئىمىن



پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوقەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

ئۇ 40 نەچچە يىلدىن بېرى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا سەھنە ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بالىلار ئەدەبىياتى، ئەسىر ۋە ئەدەبىي ماقالىلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن «شېرىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شائىرنىڭ «تارىم غەزەللىرى»، «قەشقەر ئاۋازى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يەنە «مېنىڭ ناخشام» ناملىق 3 - شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

قۇربان ئىمىن ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## نۇرمەھەممەت ئىركى ( ئۆز بېك )

پېشقەدەم شائىر مەرھۇم نۇرمەھەممەت ئىركى 1927 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە بىر زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1944 ـ يىلى « قەشقەر گېزىتى » باسما زاۋۇتىدا ئابورچىك بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا باشلىنىپ، « ئىركى » تەخەللۇسى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى «قاينام ئۆركىشى غەزەلىگە مۇخەممەس»، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش»، «ئاڭ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئۈندىگەن، ئازاتلىقتىن كېيىن، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ پېشقەدەم شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس ۋە چەت تىل ئەدەبىي تەرجىمانى ئىدى. ئۇ پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى بىلەن « تىببى يۇسۇپى » ناملىق كىتابنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان. 1983 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ « بۇلبۇل ۋە باھار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شائىر ھايات چېغىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. « قەشقەر گېزىتى » نىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ 1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.



## مۇھەممەت ئىمىن توختىنىياز ( سۇزۇك )

پېشقەدەم شائىر سۇزۇك 1920 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1929 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1943 ـ يىلى باشلانغان ۋە " سۇزۇك" تەخەللۇسى بىلەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ " 4 كىشىلىك گۇرۇھ " تارمار قىلىنىپ، يېڭى باھار باشلانغاندىن بۇيان، قولىغا يېڭىۋاشتىن قەلەم ئېلىپ، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ئىجادىيەت بوستانىدا يېڭى ـ يېڭى گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىكلارنى ئۈلگە قىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1983 ـ يىلى ئۇنىڭ " يادىكار " ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ھازىر ئۇ 2 ـ توپلام ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ئابدۇرېھىم توختى

پىشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم توختى 1919 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ تارقوت يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە پىنسىيىگە چىقتى.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، بىر قىسمىنى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان. 1983 - يىلى شائىرنىڭ «ئۇچمەس ئىستەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار تىلى) نى نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى. «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى «قەشقەر مائارىپى»دا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر ناۋائىينىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ئەسىرىنى جىددىي نەشرگە تەييارلىماقتا.

ئابدۇرېھىم توختى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ھامۇت مەھمۇدى

پىشقەدەم شائىر ھامۇت مەھمۇدى 1924 - يىلى قەشقەر شەھىرى قازانچى مەھەللىسىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئائىلىسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، شېئىر ۋە درامىلار يېزىشقا باشلىغان. دەسلەپكى شېئىرلىرى غۇلجا مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى ئالمۇتىدا بېسىلغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بېغىشلانغان «تارىخى ساۋاق» دېگەن كىتاۋى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان.

ئۇ ھازىر «ھەقىقەت كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.



## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى)

پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 1914 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان، 1948 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيىگە چىقتى.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا ھېكايە، ئەسىر، سەھنە ئەسەرلىرى، ئەسلىمە ۋە تارىخى خاتىرە قاتارلىقلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى. شائىر ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن «كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمدىن پارچىلار» ناملىق ھېكايە ۋە «نومۇس داغلىرى»، «ئاچچىق كۈنلەر خاتىرىسى» ناملىق پوۋېستلارنى؛ «ئازدۇرۇش كومېدىيىسى»، «قۇتلۇق ھاجى شاۋقى»، «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە»، «قەشقەردە 6 ـ فېۋرال ۋەقەسى»، «روزە كباشى ھەققىدە ئەسلىمە» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى. ھازىر «ئاچچىق كۈنلەر پاجىئەسىدىن پارچىلار» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇھەممەت ئوسمان



پېشقەدەم تارىخچى ۋە ئەدىب مۇھەممەت ئوسمان 1924 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە قىزىل دۆۋە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1930 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە قەشقەر مەدرىسلىرى ۋە دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇپ، تىببى خادىم، ئوقۇتقۇچى، سودا خىزمەتچىسى، بوغالتىر، مەدەنىيەت خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن.

1956 ـ يىلدىن ھازىرغىچە كۇتۇپخانا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

مۇھەممەت ئوسماننىڭ ئىلمىي پائالىيىتى 1950 ـ يىللاردىن ئارتىپ باشلانغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا دائىر بىر قانچە تارىخىي خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، ئىلمىي ماقالىلارنى يازغاندىن باشقا «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەپ ئەخلاقى توغرىسىدا» دېگەن كىتاۋنى يېزىپ پۈتتۈردى.

مۇھەممەت ئوسمان قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق



پېشقەدەم تارىخچى ۋە ئەدىب مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق 1926-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە توپال رايونىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1941-يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇزۇن مۇددەت مەدىنى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش-باشقۇرۇش ئورنىدا ئىشلىمەكتە.

مۇھەممەت زۇنۇن ئۇزۇندىن بۇيان تارىخ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ھېيتكا جامەسى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ھەزرىتى موللام - مەھمۇت قەشقەرى»، «ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى»، «مەھەممەت سىدىق رەشىدى ۋە ئۇنىڭ "سىدىقنامە" ناملىق كىتابى ھەققىدە»، «گۈلىستاندىن پارچىلار» قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان. ھازىر ئۇ «تارىخىي ئەمىنىيە»نى نەشرگە تەييارلىماقتا.



## تابىلدى ھوشۇر (تاجىك)

پېشقەدەم ئەدىب تابىلدى ھوشۇر 1928-يىلى تاشقورغاندىكى بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەدەبىيات-سەنئەتكە ھەۋەس باغلىغان. ئۇ 1956-يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، بېيجىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئازسانلىق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا تاجىك تىلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تاجىك خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ، ھازىرغىچە 84 پارچە تاجىك خەلق چۆچەكلىرى، 400 پارچىدىن ئارتۇق قوشاق، بېيىت، 200 پارچىدىن ئارتۇق تاجىك خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى توپلىدى. تاجىك ئەدەبىياتىغا دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلاپ «تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بايان» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى يازدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## سېيىت زۇنۇن



يازغۇچى سېيىت زۇنۇن 1931 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاياغ تازغۇن داڭگالچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. هازىر قەشقەر «ئۇيغۇر» نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1955 - يىلى باشلانغان. تۇنجى ئەسىرى 1959 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھېكايىلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1982 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھەقىقەت نۇرى» ناملىق ھېكايە ۋە ئوچېركلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتاۋى نەشر قىلىندى. ئۇ هازىر «قىرىق بىرىنچى تاشمايماق» ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئابلا ئەخمىدى



يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى 1935 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېكىز ئېرىق بېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. هازىر ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى.

ئابلا ئەخمىدى 1958 - يىلى ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ هازىرغىچە بىر قىسىم شېئىر، ھېكايە، ۋە ئوچېركلارنى ئېلان قىلدى. 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «يول ئۈستىدە» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «بۇزۇلغان قەسەم» ناملىق يەنە بىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇ هازىر «يىللار» ناملىق رومانى ئۈستىدە 2 - قېتىملىق تۈزىتىش ئېلىپ بارماقتا.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ھوشۇر ئىبراھىم



شائىر ھوشۇر ئىبراھىم 1937 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناچۇق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتى 1951 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ھازىرغىچە كۆپلىگەن شېئىر، داستانلارنى ۋە بىر قانچە پارچە ھېكايە، دىرامىلارنى يازدى. شائىرنىڭ 1981 - يىلى «چىلىش تەنتەنىسى»، «باھار ئىشقى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە "قەلبىم كۈيى" ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشرىياتقا سۇنۇلدى. ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈپ چىققان «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» ناملىق كىتاۋى بېسىلىپ تارقىتىلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ئابدۇسەمەت خېلىل

شائىر ئابدۇسەمەت خېلىل 1937 يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شەيخباغ يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 - يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسىدا مەدەنىيەت خادىمى، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

شائىر ئابدۇسەمەت خېلىلنىڭ تۇنجى شېئىرى 1952 يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ «زەرەپشان»، «ياشلىق كۆچۈپتۇ»، «لەيلىگۈل» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر، باللادا، داستانلارنى يازدى. 1982 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «زەرەپشان» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شۇ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «زەرەپشان چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## مەمتىلى زۇنۇن

شائىر ۋە دىراماتورگ مەمتىلى زۇنۇن 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى «ساقىيە» مەھەللىسىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1952 ـ يىلى باشلانغان. 1955 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، داستان، باللادا ناخشا تېكىستلىرى ۋە ھېكايە، دىراممىلارنى يازدى. 1979 ـ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ «كۆلمەھرى» «ۋىسال سەھرى»، «كارۋان ناخشىسى» قاتارلىق توپلاملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ يېقىندا يەنە بىر دىراممىلار توپلىمى، بىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ئۇ يازغان «ئۈچ ئەۋقىران» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى.



## ئابلىمىت ھاجى

يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى 1937 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئوكيېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ، نۇرغۇن شېئىر ۋە ھېكايىلارنى يازدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «چېلىش تەنتەنىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «تۇتىيا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «ئاتا ئىزىدىن» ناملىق پوۋېستى، «قەمبەرنىسا» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى، «خەت ـ چەكلەر ساۋادى» ناملىق كىتابلىرى ھەر قايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇ، ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.



## مىرزاھەست كېرىمى

شائىر مىرزاھەست كېرىمى 1939 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر شەھرىگە تەۋە تاربوغۇز كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مىرزاھەست كېرىمىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشلانغان. 1956 - يىلدىن باشلاپ گېزىت - ژورناللاردا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ، «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق»، «لاچىن ھەققىدە باللادا»، «ھېيتكادا ھېيت كۈنى»، «بىباھار تۇپراق» قاتارلىق شېئىر - داستانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. 1982 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1984 - يىلى شائىر «قاناتلانغان تىلەك» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ھازىر «جۇدالىق» ناملىق يىرىك ئەسەرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

شائىر مىرزاھەست كېرىمى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ھاجى ئەخمەت



شائىر ھاجى ئەخمەت 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە كۆكتېرىق يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى. ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىر ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى يازدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ۋىسال ئارزۇسى»، «ئۈچ مەس يۇلتۇزلار» شېئىرى توپلاملىرى بىلەن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قاتارلىق ئىلمىي - نەزىرىيىۋى كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ھاجى ئەخمەت ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (بالىلار ئۈچۈن)»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن) قاتارلىق كىتابلىرى بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا «قارغوجا»، «ھاياتقا مۇھەببەت»، «ئالما كۆچىتى» قاتارلىق 6 پارچە ئەسىرى مىللىي باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

شائىر يېقىندا باللارغا دائىر ئەسەرلىرىنى «چولپان» نامى بىلەن بىر توپلام قىلىپ نەشرىياتقا تاپشۇردى. «قىميان» ناملىق ھېكايە - نەسرلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە ئىشلىمەكتە. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئابلىمىت سابىر



يازغۇچى ئابلىمىت سابىر 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەشمەكا كوچىسىدا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ھازىر قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئابلىمىت سابىرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى 1957 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «كېيىنكى پۇشايمان» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ، «بەخت»، «ھەسرەت»، «باھاردىن كېيىن» قاتارلىق 40 پارچە ھېكايىسىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. 4 پارچە ھېكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. 1982 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بىخ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

ئابلىمىت سابىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئابلىز ئۆمەر




شائىر ئابلىز ئۆمەر 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە قوغان رايونىنىڭ مۇللازادە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، ئالمۇناخلاردا كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، نەسر، ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. 1983 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئابدۇرېھىم ئىسمايىل



شائىر ئابدۇرېھىم ئىسمايىل 1940 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە بېرىدىنى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر يېڭىسار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1957 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە بېسىلغان «كەتمەننىمنى بەر قولۇمغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، داستان، بالىلار ۋە مەسەللەرنى يازدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

شائىرنىڭ «چىمەنزار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 1982 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى بىلەن بالىلار ئۈچۈن يازغان نەسرى مەسەللەر توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئۇچقۇنجان ئۆمەر



شائىر ئۇچقۇنجان ئۆمەر 1945-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1957 - يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، ئوبزور، ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. 1984 - يىلى ئۇنىڭ «چەشمەلەر» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر يەنە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ ئېلان قىلىندى) دېگەن كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

شائىر يېقىندا بالىلارغا ئاتاپ يازغان «غۇنچىلارغا مۇبارەك» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، ئۇنىڭدىن باشقا توپلاپ، رەتلىگەن «ئۇيغۇر بۇلبۇللىرى»، «يۇمۇرلار» «ئازاتلىق قوشاقلىرى» قاتارلىق توپلاملارنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. ئۇ ھازىر «دەۋر ئۇچقۇنلىرى» ناملىق 2-شېئىرلار توپلىمى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمىنى جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## ئەسقەر ھۈسەيىن



شائىر ئەسقەر ھۈسەيىن 1938 - يىلى 10 - ئايدا ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ سىم تاغ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، 1950 - يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كۆپلىگەن شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى.

ئۇنىڭ يولداش ۋاھىتجان غوپۇر بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقتا. ئۇ، يەنە بىر شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

## سەمەت دۆگايلى



يازغۇچى سەمەت دۆگايلى 1947 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

سەمەت دۆگايلى 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، گېزىت-ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ھېكايە، نەسىر، دراما، شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. «رابىيە - سەيدىن»، «ئامانىسا» قاتارلىق درامىلىرى سەھنىدە ئوينالدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇنىڭ «جۇشقۇن ئېقىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «غۇنچىمەن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «نۇرلۇق قەلبلەر» ناملىق رومانىنى نەشرىياتقا بەردى. ھازىر «ئانار پىشقان ۋاقىتتا»، «ھايات بورانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دراماتورگلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## جېلىلى

شائىر جېلىلى (ئابدۇجېلىل تۇرسۇن) 1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى يورۇڭقاش رايونىغا قاراشلىق ئاتىملە يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1959 ـ يىلى باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆپلىگەن شېئىر، داستان ۋە ھېكايىلارنى يازدى. شائىرنىڭ «يۈرەك ئۇچقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1983 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى

شائىر مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى 1942 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە دۆلەتباغ يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1958 ـ يىلدىن باشلانغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، شېئىر، ھېكايە، نەسر ۋە بالىلار ئۈچۈن فانتازىيىلىك ھېكايىلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ «شاتلىق ناۋاسى»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى»، «قالغاچ»، «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» قاتارلىق كىتابلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر يېزىقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## تۇرسۇن نىياز

شائىر تۇرسۇن نىياز 1940 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى غولتوغراق رايونى بەش توپ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇندىن بۇيان جاپالىق ئىزدىنىپ 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، 12 پارچىغا يېقىن ھېكايە ـ نەسىرلەرنى يازدى ۋە بۇ ئەسەرلىرىنى «ئۇزۇن سەپەر ناخشىلىرى» (شېئىرلار توپلىمى) ۋە «كۆل لوڭقىسى» (ھېكايىلار توپلىمى) ناملىق توپلام قىلىپ تۈزەپ نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى. «ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق 3 پارچە مەسەلى شۇ ناملىق مەسەللەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر «روبائىيات» توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن نىياز قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ئابدۇرېھىم سابىت

ئەدىب ۋە تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت 1943 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسىدا «قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە.

ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1960 ـ يىلىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىكتە نەشر قىلىنىدىغان گېزىت-ژورناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن تاشقىرى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق تۆت توملۇق كىتاۋى قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ تارقىتىلدى. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا (ئۆزبېك)

شائىر نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا 1948 ـ يىلى يەكەن شەھرىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مىللىي شىپاخانىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان گېزىت ـ ژۇرناللاردا نۇرغۇن شېئىر ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلەپ، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» «جامئۇل ھىكايەت» قاتارلىق كىتابلارنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ تەييارلاپ نەشرگە بەرگەن «خەستە شېئىرلىرى»، «كەلـ لە ـ دەمنە» قاتارلىق كىتابلار ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ۋاھىتجان غوپۇر

ياش شائىر ۋاھىتجان غوپۇر 1951 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى ـ «ئاچقاندا ۋاراق» 1964 ـ يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھازىرغىچىلىك نۇرغۇن شېئىر، داستان، مەسىلەرنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا «مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۈچ ئەس نامايەندە»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە سۆزدە گۈزەل بولۇش» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، بىر قىسمىنى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ يولداش ئەسقەر ھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتاۋى ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە شېئىرلار، شېئىرى مەسەللەر، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىدىن ئىبارەت 3 كىتاۋىنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.



## ئابلىمەت ئىسمائىل

ئابلىمەت ئىسمائىل 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، «قىرائەتخانىدا» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى 1957 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بېرى ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايە، ئوبزور، ئىلمىي ماقالىلىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ ھازىر « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى » ناملىق كىتابنى نەشرگە تەييارلىدى. « جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ قىسمى نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەم جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ئابلىكىم روزى

شائىر ئابلىكىم روزى 1946 ـ يىلى يۇستۇن ئاتۇشنىڭ دىخانلار يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر « قەشقەر گېزىتى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق قىلماقتا.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان. 1962 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاساسەن بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئىجات قىلدى. شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «قالىغاچ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىندى. «ئۆسمۈرلەر ئارزۇسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا بەردى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## تاھىر تالىپ



شائىر تاھىر تالىپ 1945 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار رايونسېغىزلىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1960 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھازىرغىچىلىك ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئوچېرىكلىرى ئېلان قىلىندى، «يۇلغۇن چېچەكلىرى» قاتارلىق 3 پارچە شېئىرى «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر «چوكانيار» ناملىق تارىخىي داستان ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## دىلبەر قەييۇم

ياش شائىرە دىلبەر قەييۇم 1958 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1980 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بۇيان شائىرەنىڭ بىر قىسىم لىرىك شېئىر، باللادا ۋە ھېكايىلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايال ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن «سوت ئۈستىدە» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تامچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۇ، ھازىر ئۆزىنىڭ «ئانا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

دىلبەر قەييۇم جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## ھۇسەيىن تالىپ



يازغۇچى ھۇسەيىن تالىپ 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان. ھازىر يېڭىسار ناھىيىلىك رادىيو ئۆزىكىدە ئىشلىمەكتە.

1960 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «ئېرىزە تخان» «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (تارىم) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 10 نەچچە پارچە ھېكايىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە «بەخت»، «كىشىلەر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىدا ئېلان قىلىندى. بىر ھېكايىلار توپلىمىنى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇردى. ھازىر «رازىۋىتچىك» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## نۇردۇن مۇسا



شائىر نۇردۇن مۇسا 1942-يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ تېتىرباغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، نەسىرلەرنى يازدى، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتاۋىنى نەشرىياتقا سۇندى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى ئۇ توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى» نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ «قىزىل گۈل ناخشىسى» ماۋزۇسىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرى بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

نۇردۇن مۇسا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.



## ئۆمەر ئىسمايىل

شائىر ئۆمەر ئىسمايىل 1947 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدىكى بەشكەن كۆكشى باغرىق يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «يەكەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1960 ـ يىلدىن باشلانغان. ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان «قىساس ئوتى»، «بەختى راۋاپنىڭ ناخشىسى»، «قەيسەر كوممۇنىست»، «بۇ قانداق باشلىق»، «يىغىن خۇمارى» قاتارلىق شېئىر، باللادىلارنى يازغان. ئۇ «ھەجۋى شېئىرلار» ناملىق توپلامنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ماھىگۈل پەخىردىن

يازغۇچى ماھىگۈل پەخىردىن 1944 ـ يىلى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىككىساق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1960 ـ يىللاردىن بۇيان ھېكايە ئىجادىيىتىگە قىزىقىپ، يېزىشقا كىرىشكەن. 1981 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ «نۇرانەم»، «ئەختەرتى كىمگە بېرەر»، «سىزنىك»، «ئارمىنىغا يەتكەن قىز» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. ۋە «سوتتا»، «كىشىلەر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ماھىگۈل قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ئابدۇللا ياقۇپ

شائىر ئابدۇللا ياقۇپ 1947 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ئاق مەچىت مەھەللىسىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر يېڭىسار ناھىيە ماكىشىن ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «تاغ سۈيى» 1962 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. 1962 - يىلدىن ھازىرغىچە 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادىلارنى يازدى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## قاۋسىلقان قامىجان

ئەدەبىي ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجان 1941 - يىلى تولى ناھىيىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتىتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1960- يىللاردىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن. 1976- يىلدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلاپ، ھازىرغىچە «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى»، «ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى»، «تاڭجارىق شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى»، «غۇنچەم درامىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» قاتارلىق 70 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارغا تونۇلدى. ئۇنىڭ تۇنجى «ئوبزورلار» توپلىمى 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «قەلەم» ناملىق ئىككىنچى ئوبزورلار توپلىمىنى تەييارلاپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

قەلەم سوندى ئەلەم ئەزدى دىلىمنى
شامال دارىيپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى...
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس، پالەچ مەن
نىمە بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى...! (ئ. ئۆتكۈر)

ئىزدىنىشتىن بىر نەمۇنە

## هارماس قەلەمكەش ــ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر



پىشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇلدا سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ، بىر يېشىدا ئانىسىدىن يېتىم قالدى. دادىسى تىلەش بېگىم ئاتۇش تېجەنلىك كىشى بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتەر چېغىدا، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىمنى قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان دوستى ئوسمان ھاجىمغا ئوغۇللۇققا بېرىۋەتتى. ئوسمان ھاجىم ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ۋە تىجارەت بىلەن چەتئەللەرگە كۆپ چىقىپ، كۆزى ئېچىلغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلدى ۋە دىنىي مەكتەپكە بەردى. بىراق ئۇنىڭ قۇرئان ساۋادى ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغاندا، قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى. جاللات شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن چېرىك بىلەن كېلىپ، قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكتىن، مەكتەپلەردە دەرس توختىدى، خەلق سەرسان بولۇپ، ھەر تەرەپكە قاچتى. ئوسمان ھاجىمنىڭ ئائىلىسىمۇ بىر تۈركۈم پۇقرالار بىلەن ئۆز ماكانىنى تاشلاپ، تاغۇ - دەشتلەرنى كېزىپ، ئاخىرى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇچۇەن ۋىلايىتىگە قېچىپ باردى ۋە شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بەختكە يارىشا، ئوسمان ھاجىمنىڭ قېيىنانىسى مارىخان موماي موللا ئايال بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئۆيدە ئوقۇتۇشقا باشلىدى. ئابدۇرېھىم بىر-ئىككى يىل ئىچىدىلا «سوپى ئاللايار» ناملىق نەزمى كىتابنى تامام قىلدى. گۆدەك ئابدۇرېھىم 18 - ئەسىردە يېزىلغان بۇ كىتابتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقى خۇددى يېقىملىق مۇزىكا سادالىرىدەك ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مارىخان موماي ھېكايە، چۆچەك، رىۋايەت، تەمسىل ۋە تېپىشماقلارنى بەكمۇ جىق

بىلەتتى. ئابدۇرېھىم مومىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئېستە قالدۇراتتى.

ئوسمان ھاجىم ئابدۇرېھىمنى قانچە ئەزىزلەپ، ئوقۇتۇشقا تىرىشقانسېرى، كىچىك تاغىسى ئىچى تارلىق قىلىپ، ئۇنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇشقا شۇنچە ئۇرۇناتتى. ئوسمان ھاجىم قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە خوجانىياز ھاجى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىشى بىلەنلا، ھېلىقى كىچىك تاغىسى ئۇنى پادا بېقىشقا قويدى، «قەشقەر كېچىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «مېنى سورىسا پادا باقتان بالىدىم» دېگەن مىسرا ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى ئىدى. تۆگمىچى بارات بوۋا بىلەن بىللە پادا باقتان كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ مەكتەپ بولدى. ئۇ، بارات بوۋايدىن ئەجدادلىرىمىز ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن تاشقىرى، تۆۋەن قاتلامدىكى يوقسۇللۇق تۇرمۇشىنىمۇ تەنىدە تېتىپ كۆردى.

بۇ ئەگرى - توقايلىق تۇرمۇش يولى شائىرنىڭ كېيىنكى ئىجادىي ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

قوزغىلاڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچتۇرپانغا كۆچۈپ چىقتى. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى يېڭى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۈچتۇرپان چېگرىسىدىكى تامۇژنا باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش بولغان ئۈچتۇرپان ئەينى يىللاردا پەقەت سودا مەركىزىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت، ئاقارتىش مەركەزلىرىنىڭمۇ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. بۇ ھال شائىرنى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. ئۇ، 1936 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى بىرىنچى گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپ شائىرغا نىسبەتەن تامامەن يېڭى بىر دۇنيا ئىدى. مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىدى. شائىر بۇ مەكتەپتە يېڭىچە بىلىملەر قاتارىدا رۇس - سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشۇشقا باشلىدى. پۇشكىن، لېرمونتوف، تولستوي، ئابدۇللا توقاي، ھادى تاختاش، ئۇيغۇن، ئۆمەر مۇھەممەدى، تۇردى ھەسەن (گۈلىستان) قاتارلىق ئەدىپلەر ئۇنىڭ مەنىۋىي ئۇستازلىرىغا ئايلاندى ۋە شۇلاردىن ئىلھاملىنىپ، مەكتەپ تام گېزىتلىرىگە تۇنجى شېئىرلارنى يازدى.

1939 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ «كۆز شامالللىرى» ناملىق بىر شېئىر يېزىپ، ئۇنى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بەرمەكچى بولدى. شائىر بۇ چاغدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتى. بۇ شېئىر جاللات شېڭ شىسەينىڭ شائىرنىڭ دادىسى ئوسمان ھاجىمنى ۋە مەكتەپتىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئېلىپ كەتكەن شارائىتتا يېزىلغاچقا، مەيۈسلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىدى. شائىرنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى مەرھۇم ئايۇپ مەنسۇرى بۇ شېئىرنى كۆرۈپ، شاگىرتىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. دەل شۇ كۈنلەردە دۇ چىنگيۈەن ۋە لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ئىنستىتۇت رەھبەرلىكىگە تەيىنلىنىپ كېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇۋەتتى. ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ) ۋە جاڭ جوڭشى قاتارلىق ئىلغار زاتلار يېڭى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، ئىنستىتۇتنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىرى لىن جىلۇنىڭ ئالىجا-

ناپ ئىنقىلاۋىي خىسلەتلىرى باشقا ياشلار قاتارىدا شائىرغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شائىر ۋەتەن تارىخى ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنى ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن تىل ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭى نۇر» ژورنىلىدا ئۇنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى مەزمۇندا يېزىلغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۆرەش دولقۇنلىرى» ناملىق بىرمۇنچىلىغان شېئىرلىرى ۋە تەرجىمىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى. 1942 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى بىلەن «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق دىرامىسى شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «چىمەن مودەن» دىرامىسىنى يېزىپ چىقتى.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنىدىغان «شەرق ھەقىقىتى» ۋە «قازاق ئېلى» ژۇرناللىرى ئارقىلىق كلاسسىك ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىياتى بىلەن جۈملىدىن، ئارۇز ۋەزنى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ، 1944 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئەخمەت زىيائى ۋە پېشقەدەم مائارىپچى سابىت ئەپەندى بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىدە لۇتفى، ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن تېخىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بارماق ۋەزنىدىلا ئەمەس، ئارۇز ۋەزنىدىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ 1946 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجات قىلغان «يۈرەك مۇڭلىرى» ۋە «تارىم بويلىرى» ناملىق ئىككى شېئىر توپلىمى، «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇللىرى ئىدى.

شائىر ئازادلىقتىن كېيىن خېلى بىر مەزگىل ئاساسەن، تەرجىمە، تەتقىقات ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن، جۈملىدىن، چەتئەل تىللىرى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. پەقەت پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا قايتىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستان بىلەن بىرمۇنچىلىغان شېئىر ھەم نەسرىي پارچىلارنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر مۇنچىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. «قەشقەر كېچىسى» ئايرىم كىتاپ قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇ يېقىندا يەنە 1907 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تېما قىلىنغان «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانى بىلەن 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار — «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ئۇ ھازىر «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ داۋامى «ئويغانغان زېمىن» ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

پېشقەدەم شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىمى مەخمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغات تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھا ـ

(داۋامى 126 ـ بەتتە)

ئىگىز سۇپىدىن چۈشۈمەن دەپ يىقىلىپ، بويىنى قاتلىشىپ جان ئۈزگەن ئىكەن. بۇ «خۇدا ئۇرسا، خۇداۋەندىكام قىشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك ئىش - دە. ئائىلىدىكى ھەممەيلەن ئانامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ناله قىلىشاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاھۇ - زارىغا چىدىيالماي ھويلىدىن قايتىپ چىقتىم.

كەپلەشكەن بۇ كېلىشمەسلىكنى ئاڭلاپ:

— ۋاي ئانام، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ دەرتلىرىمنى كىمگە ئېيتارمەن؟ — دەپ يىغلىغىنىچە ئۆيي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە راستىنلا ھويلىنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىكەن. خۇشتۇرغان مومای بولسا، سۇپىدا ئولتۇرۇپ:

— قىيان ئېقىتىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بالام! جەسىدى تېپىلمىغان جېنىم، بالام! — دەپ يىغلاۋېتىپتۇ، كەپلەشكەننىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ مومايغا ئەگىشىپ ناله قىلىشىۋېتىپتۇ.

كەپلەشكەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن دەرۋازا تۈۋىدىلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئانىسى، خوتۇنى ۋە باللىرىمۇ ئۇنى كۆرۈپ ياقىلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا سۇپىنىڭ ئۈستىدە داڭقېتىپ تۇرۇشۇپ قالدى.

قىزلارنىڭ ئىچىگە تېپىلاشقان خولۇم - خوشنىلىرى ئىشنىڭ سىرىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقىلى تۇردى. ئەمدى خۇشتۇرغان مومايمۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئىدى.

— بالام، ئىش مەن ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئوغلىغا تەنە قىلىپ.

— ھەئە، ئانا، ئىش سەن ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى، — دېدى كەپلەشكەن ۋە ئەل - جامائەت ئالدىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى. ھەممەيلەن بىر پەس جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ پەيتتە ئەپلەشكەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سورىدى كەپلەشكەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ. ئەپلەشكەن:

— «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

— «كۆپنىڭ كۆچى، ئاللانىڭ كۆچى»، — دېدي خۇشتۇرغان موماي پەس ئاۋازدا.


---

(بېشى 103 - بەتتە)

جىپىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى ئىشلەش ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل مۇھەررىرلىك قىلىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدىكى بىرقانچىلىغان ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر يەنە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يېزىۋاتىدۇ.

پىشقەدەم شائىر ئىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا كادىرلار تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىي جەمئىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ھەم جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو قەدىمقى يېزىقلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ بوينى كېسەك مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1952 - يىلغىچە غۇلجىدىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 1952 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا كىرىپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىغا كىردى. 1956 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، 1961 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى دارىلمۇئەللىمىندە ھەم رادىيو سىنئەن داشۆسىدە، 1980 - يىلغىچە غۇلجىدىكى دارىلمۇئەللىمىندە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1980 - يىلدىن تا ھازىرغىچە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاپ پارتلاپ، 1945 - يىلى 10 - ئايلارغا كەلگەندە 3 ۋىلايەت گومىنداڭ زۇلمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى. بۇ ئازات رايونلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. گۆدەك ئابدۇراخماننىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقى دەل ئاشۇ يىللىرى باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاكىسى تۇرسۇن قاھارى ئەينى يىللاردا خېلىلا تونۇلۇپ قالغان شائىرلاردىن بىرسى ئىدى. ئابدۇراخمان ئاكىسىنىڭ تەسىرى ھەم يېتەكلىشى بىلەن يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە»، «غۇنچەم» ناملىق ئەسەرلىرىنى، ئۆمەر مۇھەممەدى، ئىسمايىل ساتتار، قادىر ھەسەنلەرنىڭ شېئىر توپلاملىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى يادلىۋالدى. كېيىنرەك سەدرىددىن ئەينىنىڭ «ئادىنا» ناملىق پوۋېستى، م.گوركىنىڭ «ئانا» رومانى، ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى، ئايبېك، غاپۇر غۇلام، ئاباي، پۇشكىن، لېرمونتوف، نىكراسوف، گوگول، ل.تولستوي، چېخوپ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك ۋە تاتار

تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئابدۇراخماندا قوزغالغان كۈچلۈك ھەۋەس ئۇنى ئاخىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ «بەختسىز كۆلدى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1953 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ «ئىلى گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت - ژورناللارغا ئۇنىڭ 100 پارچىغا يېقىن شېئىرى بېسىلدى. «ئىلى دەرياسى» ناملىق شېئىرى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى.

ئابدۇراخمان قاھار 1957 - يىلدىن ئېتىۋارەن پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلىدى ۋە 3 ۋىلايەت تېمىسىدا بىر مۇنچىلىغان ھېكايىلارنى يازدى. ئۇنىڭ 1957 - يىلى ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھېكايىسى «ئانا ۋەسىيىتى» خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنەندىكى «بىخ» ژورنىلىغا چىقتى ھەم شۇ يىلى ئايرىم كىتابچە قىلىنىپ بېسىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ھەسرەت»، «نىزامىدىنىنىڭ ئىشى» ناملىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1958 - يىلى «يەرلىك مىللەتچى» دىگەن بەتنام بىلەن ئەيىپلىنىپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى ۋە 1973 يىلغىچە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىدى. يازغۇچى 1973 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە قايتىدىن كىرىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ «ئاقسىن ستىرى» «ئۈچ قېتىم دۇدۇقلىغاندا»، «150 سوم»، قاتارلىق ھېكايىلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىلىرىدا «سول» ئىدىيىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەنە «كىچىك يول باشلىغۇچى»، «ئەمەت ھاجى»، «سازەندە دىنخان» ناملىق ھېكايىلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىغىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. بۇ ھېكايىلارنىڭ بەزىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تېمىسىدا يىرىك ئەسەر يېزىشنى بۇرۇندىنلا كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئۇنى 1964 - يىلدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى، ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرنىڭ يېزىپ بولۇنغان 6 بابى 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئۇ، 1974 - يىلى قايتىدىن «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1975 - يىلى پۈتتۈردى. بۇ رومان 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يازغۇچى يېقىندا بۇ روماننىڭ داۋامى — «جەڭگىۋار يۈرۈش» نى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، نەشرگە بەردى. ئۇ ھازىر «ياغلىق ۋە ئۈرۈك قىسسىسى» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1979 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە، 1983 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. بىز تىرىشچان يازغۇچىمىز ئابدۇراخمان قاھار ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىپ كامالەتكە يېتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.